مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خۇ چىنچۈن: جان پىدالىق بىلەن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ ساقچى روھىنى تاۋلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋۇخەن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار لياڭ جيەنچياڭ، لى سىيۈەن)** ئۇچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەت ئالدىدا، بەدىنىنىڭ بىر قانچە يېرىگە پىچاق تىقىلىپ قانغا بويىلىپ يىقىلغىچە، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتىل بىلەن ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى خۇ چىنچۈن بولۇپ، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى خۇبېي ئۆلكىسى يىدۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لۇچېڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى. قەھرىمان 1973 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى.

2014 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچ سائەت 8لەردە، يىدۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاممىنىڭ يىدۇ شەھەرلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدىكى قۇرۇلۇش بانكىسى ئەتراپىدا بىر ئاممىنىڭ تاياق يېگەنلىكى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان خەلق ساقچىسى خۇ چىنچۈن خىزمەتدىشى جۇ تەيلىن بىلەن دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ بىر تەرەپ قىلغان. بىر كاۋاپخانىنىڭ ئەتراپىدا، ئادەم ئۇرۇشقا چېتىشلىق يەن X قاتارلىق ئۈچ كىشىنى تاپقان.

خۇ چىنچۈن ئالدىغا بېرىپ سوراق قىلغاندا، جىنايەت گۇماندارى يەن X بەدەر قاچقان. خۇ چىنچۈن يېشى چوڭراق جۇ تەيلىنغا: «بۇ ئىككىسىگە ئوبدان قاراپ تۇرۇڭ، مەن قوغلاي» دېگەن. تەخمىنەن 300 مېتىرچە قوغلاپ، يىدۇ شەھەرلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىنىڭ يېنىدىكى بىر خىلۋەت تار كوچىغا كەلگەندە، جىنايەت گۇماندارى يەن X تۇيۇقسىز پىچاق كۆتۈرۈپ زورلۇق بىلەن قارشىلىشىپ، خۇ چىنچۈننىڭ بويۇن، كۆكرەك، قورساق قىسمىنىڭ كۆپ يېرىنى يارىلاندۇرغان، يەن X قېچىپ كەتكەن.

كۆزىتىش ئاپپاراتىغا ئەينى چاغدا خۇ چىنچۈننىڭ بويىنى ۋە مەيدىسىنى تۇتقىنىچە قەدىمىنى ناھايىتى تەستە ئېلىپ ماڭغانلىقى سۈرەتكە ئېلىنغان. قان زىيادە كۆپ چىقىپ كېتىپ، تېنى ئىنتايىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن خۇ چىنچۈن جۇ تەيلىنغا: «مېنىڭ ماغدۇرۇم قالمىدى، تېز ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭلار» دېگەن. بۇ، خۇ چىنچۈن قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆز ئىدى.

جۇ تەيلىن دەرھال بېرىپ ئۇنى يۆلەپ، خۇ چىنچۈننىڭ بويۇن، كۆكرەك، بەل قىسمىنىڭ كۆپ يېرىگە پىچاق تىقىلغانلىقى، ساقچى فورمىسىنىڭ قانغا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان.

خۇ چىنچۈن دوختۇرخانىغا جىددىي ئېلىپ بېرىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يەتتە يېرىگە پىچاق تىقىلغانلىقى، بويۇن تومۇرىنىڭ كېسىپ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكى، كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ تېشىۋېتىلگەنلىكى ئېنىقلانغان. گەرچە پۈتۈن كۈچ بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يارىسى زىيادە ئېغىر بولغاچقا، شۇ كۈنى كەچ سائەت 10لاردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

يىدۇ ساقچى تەرەپ كېچىلەپ ساقچى كۈچىنى تەشكىللەپ يەن Xنى قورشاپ تۇتۇشقا ئاتلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى سەھەر سائەت 5 تە ئۇنى قولغا چۈشۈرگەن. يەن X نىڭ ئىقرار قىلىشىچە، خۇ چىنچۈن كۆپلىگەن يېرىگە پىچاق تىقىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا قولىنى قويۇپ بەرمىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ كۈچەپ تېپىۋېتىپ ئاندىن قېچىپ كەتكەن.

2014 - يىلى 7 - ئايدا، يىچاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى خەلق ساقچىسى خۇ چىنچۈننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش دېلوسىنى ئوچۇق سوت ئېچىپ قاراپ چىققان. سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئارقىلىق، جاۋابكار يەن Xنى قانۇن بىلەن ئاشكارا قارشىلاشقان، جىنايى قىلمىشى ئىنتايىن قەبىھ، جىنايىتىنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر، جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن زىيىنى ئىنتايىن زور دەپ قاراپ، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن جاۋابكار يەن Xكە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلغان.

قۇربان بولغاندا، خۇ چىنچۈن ئەمدىلا 41 ياشتا ئىدى. 2014 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ خۇبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان؛ 2014 - يىلى 8 - ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن. خۇبېي ئۆلكىسى يىدۇ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى خۇ چىنچۈنگە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن؛ يىچاڭ شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خۇ چىنچۈنگە «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»نى تولۇقلاپ بەرگەن.

قەھرىمان قۇربان بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى ئۈلگە قىلىنىپ، چۇجۇ تىياتىرى «ساقچى روھى» تەييارلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردا توختىماي سەييارە ئويۇن قويۇلۇپ، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشمەكتە.

# لى يۈڭچياڭ: ساداقەتمەنلىكى بىلەن بىپايان نەنخەي دېڭىزىغا سىڭىپ كەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەيكوۋ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لى يۈن)** ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، لى يۈڭچياڭ نەنشاغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ، شۇ ئىشلىگەنچە تاكى ھاياتىنى ۋەتەنىنىڭ نەنخەي دېڭىزىغا قالدۇرۇپ قويغانغا قەدەر 21 يىل ئىشلىدى.

لى يۈڭچياڭ خېنەن باۋفېڭدىن، 1968 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان، 1987 - يىلى 11 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 1990 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، جەڭچى، ئوقۇغۇچى، تېخنىك، مېتېئورولوگىيە يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھەربىي سەپكە كىرگەن 27 يىلدا ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 27 قېتىم نەنشاغا بېرىپ خادا تاشلارنى ساقلىغان، خادا تاشلارنى ساقلىغان ۋاقتى جەمئىي 86 ئايغا يەتكەن.

لى يۈڭچياڭ باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا تاغىسىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇشتا شەرەپ بىلەن خىزمەت كۆرسىتىش كەچۈرمىشىنىڭ تاۋلىشى ۋە تەسىرىدە، كىچىكىدىن تارتىپ گازارمىغا بولغان ئىنتىلىشى تولۇپ تاشقان. ئۇ دائىم سەپداشلىرىغا: «قايناق ھېسسىيات بىلەن كۈرەش قىلغان ياشلىق ئەڭ قالتىس، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشقان ھايات ئەڭ شەرەپلىك» دەيتتى.

نەنشا گىدرومېتېئورولوگىيەسى مۇھىم ئامىلنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، لى يۈڭچياڭ ۋە سەپداشلىرى قاتمۇقات قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نەنشانىڭ گىدرومېتېئورولوگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل رەتلەپ خۇلاسىلەپ تۈزگەن «نەنخەي دېڭىزىنىڭ گىدرومېتېئورولوگىيەسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ئوقۇتۇش ماتېرىيالى» نەنخەي دېڭىز - ئوكيان مېتېئورولوگىيەسى بويىچە تەربىيەلەشتىكى تۇنجى كەسپىي ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا ئايلانغان.

نەنشا دېڭىز تەۋەسىنىڭ ھاۋا رايى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، تەيفېڭ بورىنى، سوغۇق ئېقىم ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇراتتى، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي ساھەدىكىلەر تەرىپىدىن يېڭىش قىيىن بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق» دەپ ئاتالغان. لى يۈڭچياڭ دائىم ئۆزىنى كىچىك سانلىق مەلۇمات چوڭ مېتېئورولوگىيە بىلەن باغلانغان، كىچىك بىخەستەلىك چوڭ بىخەتەرلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەر قېتىملىق سانلىق مەلۇماتنى ئۆلچەپ مەلۇم قىلغاندا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرغان. 2003 - يىلدىن بۇيان، لى يۈڭچياڭ سەپداشلىرى بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، نەنشادا تۇنجى يۈرۈش يەر يۈزى مېتېئورولوگىيەسىنى ئاپتوماتىك كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، نەنشادا تۇنجى ئاتموسفېرا دولقۇن ئۆتكۈزۈش پونكىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، نەنشانىڭ گىدرومېتېئورولوگىيە ئىشلىرىدا ئون نەچچە بىرىنچىلىكنى يارىتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ۋە دۆلەت دېڭىز - ئوكيان ئىدارىسىنىڭ يۈكسەك تەرىپلىشى ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن.

لى يۈڭچياڭ دېڭىزغا ھەمراھ بولۇپ، خادا تاشلارنى ئائىلە قىلىپ، نەنشانىڭ ھەربىر دېڭىز تەۋەلىكىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توققۇز چاغاننى خادا تاش ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇزاق مۇددەت ئالدىنقى سەپتە خادا تاشلارنى ساقلىغانلىقتىن، لى يۈڭچياڭ ئەينى چاغدىكى قاۋۇل كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەزىمىتىدىن چاچلىرى چۈشۈپ تاقىرباش بولۇپ قالغان ۋىجىك بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان، يەنە بېشى قېيىپ قۇلىقى غوڭۇلداش، رېماتىزم ئاغرىقى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان. بولۇپمۇ بوغۇم ياللۇغى قوزغالغاندا، ھاجەتخانىغا چىقىش، پەلەمپەيدىن چۈشۈش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يۆلىشىگە موھتاج بولۇپ قالغان.

2014 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، نەنشا خۇاياڭ خادا تاش مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كاتېرغا ئولتۇرۇپ خادا تاشقا چىقىش سەپىرىدە، لى يۈڭچياڭ خۇاياڭ خادا تاش سۇ يولى ئېغىزىدا تۇيۇقسىز كۈچلۈك دولقۇنغا دۇچ كېلىپ، كاتېر گەۋدىسى قىيسىيىپ، سولغا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، كاتېردىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن. لى يۈڭچياڭ ئۆزىنىڭ ئامانلىقىغا پەرۋا قىلماي، ئالدى بىلەن يېنىدىكى كاتېر باشلىقى چياۋ لۇڭنى كۈچەپ تېپىپ ساھىلغا ئىتتىرگەن، يەنە كۈچەپ كاتېردىكى ئىلمەكچى جاڭ گاڭنى خادا تاش تەرەپكە ئىتتىرگەن. ئۆزى بولسا سۇ يولىنىڭ مەركىزىگە كىرىپ قېلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقان، سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئۆزى چىن يۈرەكتىن سۆيگەن نەنشا ۋە جاندىن ئەزىز كۆرگەن كەسپىدىن ئايرىلىپ، ھاياتىنى بىپايان نەنخەي دېڭىزىغا مەڭگۈلۈك سىڭدۈرگەن.

# «ئات ئۈستىدىكى كادىر» بى شىشياڭ: قارلىق رايوندىكى ئېگىزلىكتە ئابىدە تىكلىدى



سۈرەتتە: بى شىشياڭ (سولدىن 1 - كىشى) «قوشماقلاشقان تۇغقىنى»نى يوقلىماقتا. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار ۋۇ شياۋېيك، كاڭ جىنچيەن)** ئوغۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن، دادىسى سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا ئۇ يېنىدا بولالمىدى؛ ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالمىدى، خوتۇنى ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىمۇ ھەمراھ بولالمىدى؛ دادا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئوغلىنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى... مانا بۇ بى شىشياڭ بولۇپ، قارلىق رايوندىكى ئېگىزلىكتە 30 نەچچە يىل ئىشلەپ، ئامما تەرىپىدىن «ئات ئۈستىدىكى كادىر» دەپ ئاتالدى.

بى شىشياڭ، زاڭزۇ، 1982 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قايتىپ خىزمەت قىلغان، 1984 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا سىچۈەن ئۆلكىسى گەنزى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان. 2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزىغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن كۆپرەك بولغان گاۋېرشەن تېغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، شۇ يىلى 53 ياشتا ئىدى.

بى شىشياڭ ئۆز يۇرتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى، ئۇ چەكسىز مۇھەببىتىنى يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە ئارمانسىز تۆھپە قوشۇشقا بېغىشلىغان. ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خىزمەت ئېھتىياجلىق بولسىلا، تەشكىل ئۇنى قەيەرگە بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرسا، ئۇ شۇ يەردە يىلتىز تارتقان، ئەزەلدىن بىر ئېغىزمۇ ئاغرىنىپ باقمىغان؛ مەيلى قانداق خىزمەت قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ «كەسىپ ئەھلى»گە ئايلانغان.

1997 - يىلى، بى شىشياڭ گەنزى ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندە، ئوبلاست تەۋەسىدە ئېچىۋېتىلىپ تىجارەت قىلىنىدىغان بىرمۇ مەنزىرە رايونى يوق ئىدى. پۈتۈن ئوبلاستنىڭ ساياھەت تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ دائىم ئاتلىق ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغىلارغا بېرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. ئەينى چاغدا گەنزىنىڭ قاتناش شارائىتى قالاق بولۇپ، ئاساسلىق قاتناش قورالى ئات ئىدى، بەزى جايلاردا ھەتتا ئاتمۇ ماڭالماي، پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلگەن. ئادەممۇ، ئاتمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە، ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەشكە توغرا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ شۇ جايدىكى 100دىن ئارتۇق مەنزىرە نۇقتىسىنى ئايلىنىپ چىقىپ، نەچچە ئون ساياھەت تەرەققىيات يىرىك پىلان لايىھەسى تۈزۈپ، نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالە يازغان.

گەنزى ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان 11 يىلدا، بى شىشياڭ گەنزىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈچۈن يېڭى تۇپراق — خەيلوگوۋ، داۋچېڭ يادىڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېكولوگىيە مەدەنىيەت ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى ئېچىپ، خەلقئارادا داڭلىق مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىققان، ساياھەتچىلىك گەنزى ئوبلاستىنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

2010 - يىلى «14. 4» يۈشۇدىكى يەر تەۋرەش گەنزى ئوبلاستىنىڭ شىچۈ ناھىيەسى قاتارلىق كۆپلىگەن جايلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن، بى شىشياڭ قالدۇق يەر تەۋرەش، غۇلاپ چۈشۈش خەۋپىگە قارىماي، تېزلىكتە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا بېرىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرغان. بىر يىل ئىچىدە، ئۇ 11 قېتىم شىچۈ ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئالتە قېتىم يۈشۇ ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتناشقان. شۇ جايدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا بى شىشياڭنىڭ ھەر قېتىم ھاۋا رايى ئۆزگەرگەندە ياكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئېگىز رايوندا تۇرغاندا بېشىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىيدىغانلىقىنى، ئۇيقۇ دورىسىغا تايىنىپلا ئۇخلىيالايدىغانلىقىنى بىلگەن.

بى شىشياڭ يىل بويى ئاساسىي قاتلامدا يۈرگەن. گەنزى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان مەزگىلدە، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئۇ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرگەن، بىر يىلدىكى 200 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىتتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامدا بولغان. بى شىشياڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گەنزى ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا «ئۇدا تۆت يىل ئېشىش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىمالىي قىسمىدا ئېكولوگىيە، جەنۇبىي قىسمىدا خاس كەسىپ، شەرقىي قىسمىدا ئۈنۈم - پايدا بولغان پۈتۈن ئوبلاستنىڭ يېزا ئىگىلىك يېڭى ئەندىزىسى بەرپا قىلىنغان.

ئەزەلدىن ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمايدىغان بى شىشياڭ ئاممىنى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردەك كۆرگەن، ئاممىمۇ ئۇنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئادىمى دەپ قارىغان. خىزمەت قىلغاندىن بۇيان، ئېگىز، سوغۇق چارۋىچىلىق رايونىدىن تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر دېھقانچىلىق رايونىغىچە، بى شىشياڭ كەنت، ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە گۈرۈچ، ياغ، يوتقان ئېلىپ بەرگەن، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغاندا يانچۇقىغا يەنە يېتىم بالىلارغا يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئەسكەرتكەن باغاقچە سېلىقلىق تۇراتتى.

بى شىشياڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەردى. ئېگىزلىكتىن كەلگەن بۇ كاڭبالىق ئەزىمەت داۋدۇخې دەرياسى بويىدا، ئۆزى چوڭقۇر سۆيگەن بۇ تۇپراقتا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ سۆزى ھازىرغىچە ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا ياڭراتماقتا: «سىز ئاممىنى ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزدەك كۆرسىڭىز، ئۇلارنىڭ جاپا تارتىشىغا چىداپ تۇرالامسىز؟» «مېنى باشلىق كۆرمەڭ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى».

(بېشى 1 - بەتتە)

كارخانىلارنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش كۈچەيتىلىدىكەن. ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسىدە ئۆلچەمنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پۇقراۋى كارخانىلار ۋە كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىدىكەن. بانكىلارنىڭ نۇقتىلىق كارخانىلار ئۈچۈن مەخسۇس كىرېدىت پىلانى تۈزۈشىگە ئىلھام بېرىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان، ئەمما ئىناۋەت بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارغا نىسبەتەن قارىغۇلارچە قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش، قەرزنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدىكەن.

كارخانىلارنىڭ خادىم جەلپ قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدىكەن. تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنى يېڭىدىن جەلپ قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارىتا، كارخانا تىپى، رايون جايلىشىشى، ئەمگەكچى قوبۇل قىلىش تۈرى بويىچە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا كارخانىنىڭ ئەمەلىي تاپشۇرغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ يىغىندىسى بويىچە ئەڭ ئۇزاق بولغاندا ئۈچ يىللىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدىكەن. كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار شۇ يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خادىملارنىڭ سانى كارخانىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %20گە يەتسە (100 ئادەمدىن ئاشقان كارخانىلاردا %10كە يەتسە) ھەم ئۇلار بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق ئەمگەك توختامى تۈزگەن بولسا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتمىگەن ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر قاتارلىق ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى مۇقىملاشتۇرۇلىدىكەن. ئالاھىدە ئىش ئورنى ئوقۇتقۇچىلىرى پىلانى، «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» پىلانى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي قىسىم پىدائىيلار مۇلازىمىتى پىلانى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام مۇلازىمەت تۈرلىرى داۋاملىق تەشكىللەپ يولغا قويۇلىدىكەن. ھەر دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردىكى بوش ئىش ئورۇنلىرىغا بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىككى يىلدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس قوبۇل قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، شەھەر - يېزا مەھەللىلىرى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى باشقۇرۇش ۋە جەمئىيەت مۇلازىمەت ئىش ئورۇنلىرى كۆپەيتىلىدىكەن.

ئورۇنلاشتۇرۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىدىكەن. ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان كىشىلەرنى بېكىتىش ئۆلچىمى ھەرىكەتچان تەڭشىلىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەر ۋاقتىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدىكەن. ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بازار يولى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەقىقەتەن تەسكە توختىغان قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر ئورۇنلاشتۇرۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنى تەمىناتى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)